# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي
19
چارشەنبە
维吾尔文 2月19日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24976 - سان بۈگۈن 2 بەت


## شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى جونسون بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن تەكلىپ بويىچە فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن تېلېفونلاشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ كىرودىيەنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن زۇڭتۇڭىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

2 - بەتتە

**ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى**

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان - ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا چەكلىك شىركىتى ئىش ئورنىغا قايتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئاساسىدا، ئىشلەپچىقىرىشنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈردى. شىركەت ھەر كۈنى زاۋۇت رايونى، تۇرمۇش رايونىنى تۆت قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلدى ھەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ماسكا، مۇداپىئە كىيىمى، كۆز ئاسراش ئەينىكى قاتارلىق مۇداپىئە جابدۇقلىرى بىلەن تەمىنلىدى، غىزالىنىشتا ئۇچراشتۇرماي ئايرىپ غىزالاندۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. چېن چۈەنگو تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىغا چىقىش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى. ئۇ كارخانا مەسئۇلىغا تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇداپىئەلىنىش، ساغلاملىقىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيە قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى تاپىلىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا چەكلىك شىركىتىدە، چېن چۈەنگو تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىغا چىقىش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

## جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بىرىنچى سەپتىكى مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرەيلى

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

مەھەللە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىپ، تەشكىللەپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراش يولىنى ئۈنۈملۈك ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق مۇداپىئە سېپى قۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بىرىنچى سەپتىكى كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

مەھەللە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشتىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى، يامرىشىنى توسۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك مۇداپىئە سېپى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مەھەللە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەھەللىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى توسۇپ زەربە بېرىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈچلىرىنى مەھەللىلەرگە يۈزلەندۈرۈپ، مەھەللىلەرنىڭ تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەممە مەھەللىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى كۈچلۈك قورغانغا ئايلاندۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇداپىئە سېپىنى چىڭ ساقلاش ئۈچۈن، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتىلىنىپ، ئىشنىڭ مۇرەككەپ، قىيىن بولۇشىدىن قورقمىدى. مەھەللىلەرنى دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالا قويماي رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ھەرقايسى جايلاردىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە، ئومۇميۈزلۈك تاماملاشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جەزمەن تاماملايدىغان قاتتىق ۋەزىپە، يەنە نۇرغۇن قاتتىق جەڭنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كەلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كىردى، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئىز قوغلاپ تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «قىش پەسىللىك ھۇجۇم»نى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە ئىككى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 14كە يەتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە ئىككى ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئىككىلىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى.

ئىككى ئاغرىقنىڭ بىرى، 56 ياشلىق ئايال ئاغرىق بولۇپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى بار، بېشى ئاغرىش، كۆڭلى ئېلىشىش قاتارلىق بىئارام بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلىكتىن، 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ئايرىپ داۋالانغان، 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان؛ يەنە بىرى، 57 ياشلىق ئايال ئاغرىق بولۇپ، 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋۇخەندىن شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەن، ۋۇخەندە ئولتۇراقلىشىش تارىخى بولغاچقا، 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەن، 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا بوشاشماسلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە غەيرەتنى ئاشۇرۇش

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلار تەرتىپلىك ھالدا «ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەندىزىسى»گە كىردى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

ئۈن زاۋۇتىدا ماشىنىلار گۈرۈلدەپ تۇراتتى، ماسكا ئىشلەش سېخىدا چىراغلار يورۇپ تۇراتتى، ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۇنىلىرى تېز سۈرئەتتە ئايلىنىۋاتاتتى... ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال ياخشى ئىشلەپ، بىخەتەر، تەرتىپلىك ھالدا «ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەندىزىسى»گە كىردى، ھەرقايسى كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىش ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتكە بولغان تەسىرىنى تىرىشىپ پەسەيتتى.

### ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت 10 ئەتراپىدا، ئۈرۈمچى جېڭدا چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرى زاۋۇت ئۆيلىرىگە ئارقا - ئارقىدىن كىردى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، دېزىنفېكسىيە قىلىش قاتارلىق تەرتىپلەر ئارقىلىق، تەلەپ بويىچە مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، ماسكا تاقاپ، پەلەي كىيگەندىن كېيىن سېخقا كىرىپ ئىشقا چۈشتى، «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز بايلىقلارنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، يۆتكەپ توشۇشنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەڭ زور چەكتە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرىدۇق. نۆۋەتتە، يەم - خەشەك زاۋۇتى، باقمىچىلىق مەيدانى ھەممىدە خام، يېڭى يېمەكلىك بېۋاسىتە سېتىش دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىز ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى ئۈرۈمچى بازارلىرىنى 420 مىڭ دانە تۇخۇم بىلەن تەمىنلەۋاتىمىز، جېڭدا خام، يېڭى يېمەكلىك بېۋاستە سېتىش مەركىزى مالنى ئىشىك ئالدىغا ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىشنى يولغا قويدى» دېدى جېڭدا گۇرۇھى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باش نازارەتچىسى جوۋ چى.

ماشىنىلار گۈرۈلدىگەن ئاۋاز چىقىرىپ، ئىشلەپچىرىش ئازراقمۇ توختاپ قالمىدى. فۇكاڭ شەھىرىدىكى بىردىنبىر ئۈن پىششىقلاش كارخانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، فۇكاڭ شەھىرىدىكى روئيخې ئاشلىق - ياغ سانائەت - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بۇ يىل چاغاندا ئىلگىرىكى يىللارغا ئوخشاشلا، بىر كۈنمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتمىدى. نۆۋەتتە، بۇ شىركەت ھەر كۈنى 150 توننا ئەتراپىدا ئۈن ئىشلەپچىقىرىدۇ، فۇكاڭ شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلارنى تەمىنلىگەندىن سىرت، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى بازار تەمىناتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يەنە زور مىقداردا ئۈننى زاپاس ساقلىدى.

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، مۇخبىر سانجى دۆلەت يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ خېڭئەن قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرگەندە، ئۈن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى پۈتۈن سۈرئەتتە ئايلىنىۋاتقان بولۇپ، 200 نەچچە ئىشچى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتى. «چاغاندىن ئىلگىرى تاپشۇرۇۋالغان توققۇز رايوننىڭ زاكازى بويىچە مال بىلەن تەمىنلەشنى قەرەلدە تاماملىدۇق» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى لىيۇ چۈەنخۇي.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرت، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ سانجى سېتىش شۆبە شىركىتى مەخسۇس تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە گاز بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتتى. بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ يۆخۇا مۇنداق دېدى: بىز بىر تەرەپتىن پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۇسكۇنىلەرنىڭ كۈندىلىك ئايلىنىشىنى قوغداش، ئاسراش، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن قىسمەن سانائەت خېرىدارلىرىغا قارىتا، قەرز بولۇپ قالسىمۇ گاز بىلەن تەمىنلەشنى توختاتماسلىق قاتارلىق سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، داۋاملىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدۇق؛ ھەق تاپشۇرۇپ قىممەت تولۇقلاش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كارخانا ۋە ئائىلىلەرنىڭ نورمال گاز ئىشلىتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق.

### جىددىي تەييارلىق كۆرۈش يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قوللاش

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، مەھەللە، ئاممىۋى سورۇنلار زور مىقداردىكى ئىسپىرت، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولدى، بىر قىسىم كارخانىلار ھازىر بار بولغان بايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كۆپەيتىپ ياكى ئۆزگەرتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قوللىدى.

75%لىك دېزىنفېكسىيە ئىسپىرتىنىڭ قىس بولۇش ئەھۋالىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ بوشىڭ ھاراقچىلىق ئېچىتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ، 24 سائەت ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەپ، دېزىنفېكسىيە ئىسپىرتىنى ئىشلەپچىقاردى، ئىشلەپچىقىرىش سېخى جىددىي تۈردە قاچىلاپ ساقلىنىدىغان ئۈچ دېزىنفېكسىيە ئىسپىرتى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ۋە بىر دېزىنفېكسىيە ھۆل قەغەزى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى قۇراشتۇردى. يېڭىدىن قۇراشتۇرۇلغان دېزىنفېكسىيە ئىسپىرتى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتىغا قاتتىق تەلەپ قويۇلىدىغان بولۇپ، ئۇسكۇنىلەرنى زاۋۇتقا كىرگۈزۈشتىن سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقىچە پەقەت ئۈچ كۈن ۋاقىت كەتتى. نۆۋەتتە، يېڭىدىن قۇراشتۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە تولۇق ئىشلەپچىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، دېزىنفېكسىيە ئىسپىرتىنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرالايدۇ. زاپاس مال ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى سۈپەت ۋە مىقدارغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ۋاقتىدا ئورۇنداش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىككى ئىسمېنا ئالمىشىپ ئىشلەپ، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئېھتىياجنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك.» جۇڭتەي گۇرۇھى قارمىقىدىكى بالا شىركەت خۇاتەي شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت مەركىزىنىڭ خىزمەتچىسى جيا يۈەنكۈەن مۇنداق دېدى: 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، شىركىتىمىز 84 دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىدىن 28 توننا ئىشلەپچىقاردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)